# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي
16
پەيشەنبە
维吾尔文5月16日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24697 - سان　بۈگۈن 4 بەت


■ مەدەنىيلىك كۆپ خىل بولغاچقا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئالماشتۇرۇلغاچقا ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىنىدۇ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىنغاچقا تەرەققىي قىلىدۇ. بىز دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ئادەمىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.

■ بىرىنچى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. بىز باراۋەر بولۇش ۋە ھۆرمەتلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەكەببۇرلۇقنى ۋە بىرتەرەپلىمە قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆز مەدەنىيلىكىمىز ۋە باشقا مەدەنىيلىكنىڭ پەرقىگە بولغان تونۇشىمىز، چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش، سۆزلىشىش، ئىناق بىللە ئۆتۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، گۈزەللىكلەردىن ھۇزۇرلىنىش، گۈزەللىكلەردە ئورتاقلىشىشتا چىڭ تۇرۇش. بىز ھەم ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيلىكىنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇشىمىز، ھەم باشقا دۆلەتلەر مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز، دۇنيا مەدەنىيلىكى گۈلزارلىقىنى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تولدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش. بىز دېڭىزدەك كەڭ كۆڭلى - كۆكسىمىز بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى قورغاننى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەممىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن باشقا مەدەنىيلىكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش داۋامىدا ئورتاق ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. تۆتىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. بىز يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مەدەنىيلىك تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، مەدەنىيلىكنىڭ تەرەققىيات مەنبە ئېقىنى سۈيىنى جانلاندۇرۇپ، زامان - ماكان ھالقىغان، مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچكە باي مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك.

# شى جىنپىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى

## ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، گۈزەللىكلەردىن ھۇزۇرلىنىش، گۈزەللىكلەردە ئورتاقلىشىش، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاسىيا مەدەنىيلىكى ۋە دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى




5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭ دۆلەت يىغىن مەركىزىدە ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم «مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **جۇ پېڭ** فوتوسى




5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭ دۆلەت يىغىن مەركىزىدە ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم «مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. بۇ، ئېچىلىش مۇراسىمىدىن ئىلگىرى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل رەھبەرلىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان مۇھىم ئەزىز مېھمانلار ۋەكىللىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **ۋاڭ يې** فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، شيۇڭ جېڭيەن، دىڭ شياۋشى)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭ دۆلەت يىغىن مەركىزىدە ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم «مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، شانلىق ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ دۇنيا مەدەنىيلىك تەرەققىيات تارىخىدا قويۇق، رەڭدار سەھىپە پۈتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاسىيا خەلقى بىر تىنچ، خاتىرجەم، ئورتاق گۈللەنگەن، ئېچىۋېتىلگەن، تۇتاشقان ئاسىيانى ئارزۇ قىلىدۇ. بىز ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، گۈزەللىكلەردىن ھۇزۇرلىنىش، گۈزەللىكلەردە ئورتاقلىشىش، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ئادەمىيەت ئاساسىنى پۇختىلىشىمىز كېرەك. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى باشقا مەدەنىيلىكلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئېچىۋېتىلگەن سىستېما. كەلگۈسىدىكى جۇڭگو مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئوچۇق قىياپەت بىلەن دۇنياغا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان مەدەنىيلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دۇنياغا تۆھپە قوشىدۇ.

ۋاڭ خۇنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ ۋە چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى بىرلىكتە يىغىن مەيدانىغا كىردى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە شى جىنپىڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ، ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىششى، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى چوڭقۇر راۋاجلانماقتا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈمىدكە تولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان يەر شارىۋى خاراكتېرلىك خىرىس تېخىمۇ كەسكىنلەشمەكتە. ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، گۈزەل كەلگۈسىگە قەدەم قويۇش ھەم ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا كۈچىگە موھتاج، ھەم مەدەنىيەت، مەدەنىيلىك كۈچىگە موھتاج. ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنى ئاسىيا ھەم دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مەدەنىيلىكىنىڭ باراۋەر سۆزلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، ئۆزئارا ئىلھام بېرىشنى قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىر يېڭى سۇپا بىلەن تەمىنلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاسىيا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى پەيدا بولغان مۇھىم ماكان. نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە، ئاسىيا خەلقى شانلىق مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى ياراتتى. ئاسىيا مەدەنىيلىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەم دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشى داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ زورايدى. شانلىق ئاسىيا مەدەنىيلىكى دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا قويۇق، رەڭدار سەھىپە پۈتتى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى ئاسىيا بولغاچقا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ جۇلالاندى. بىز مەدەنىيلىك ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا، دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيلىكلەر بىلەن ئالماشتۇرۇش، ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭى شانلىق سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتۈشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا مەدەنىيەت كاتتا مەرىكىسى پائالىيىتىگە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جېڭ مىڭدا، ۋاڭ جۇلۆن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە بېيجىڭ دۆلەت تەنتەربىيە مەيدانىدا ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا مەدەنىيەت كاتتا مەرىكىسى پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى.

باش يازدىكى بېيجىڭدا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى، پۈتۈن جاھان كۆكرىپ يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. تۈن پەردىسى ئىچىدىكى دۆلەت تەنتەربىيە مەيدانى — «چاڭگا»دا چىراغلار چاقناپ، ياشلىق باھار ئۇرغۇپ تۇراتتى.

سائەت 19دىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە، ھەيۋەتلىك «تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى» مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن كامبودژا پادىشاھى سىخامونى، گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس، سىنگاپور زۇڭتۇڭى خالىما، سىرى لانكا زۇڭتۇڭى سىرىسېنا، ئەرمېنىيە زۇڭلىسى پاشىنيان قاتارلىق چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرى بىلەن بىرلىكتە رەئىس سەھنىسىگە چىقتى.

سامانيولىدەك چاقنىغان چىراغ نۇرى بوشلۇقتا تەتۈر ساناق سانىنى شەكىللەندۈردى، نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلار تەڭ توۋلىدى: 10، 9، 8، 7، 6، 5، 4، 3، 2، 1! «ياشلىق باھار كاتتا مەرىكىسى، ئاسىيا ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» باش تېمىسىدىكى بىر مەيدان مەدەنىيەت كاتتا مەرىكىسىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ تەبرىك سۆزى قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەرقايسى دۆلەت ئەزىز مېھمانلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قەدىمىي، شانلىق مەدەنىيىتى بار بولۇپ، ھەم خاسلىققا، ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ھەم ئىناق بىللە ئۆتتى، ئۆزئارا گىرەلىشىپ جۇلالاندى. ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ كۆپ خىللىقى ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ مول رەڭ، تېخىمۇ ئۇزاق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. بۈگۈن كەچ، سەنئەت مىللەتتىن ھالقىپ، قەلبلەرگە سىڭىپ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ، دۇنياغا بىر رەڭدار، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاسىيانى، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاسىيانى، تىنچ، ئالغا باسقان ئاسىيانى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىر تۇتاش ئىگىلەپ چىقارغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)